# شەرقى تۈركىستان گېزىتى

مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ئىرقىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام

22. 12. 2021

چارشەنبە(1 ـ سان)



## شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا داستانلاشقان مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋاپاتىنىڭ 26 يىللىق خاتىرە كۈنىدە ئىستانبۇلدا ياد ئېتىلدى



ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمنى ۋاپاتىنىڭ 5-
يىلىدا سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمىز

## چاقماق خەۋەر
## ئەرز قوبۇل قىلىندى

ئۆز خەۋرىمىز

ئەنگلىيە ئالىي سوتى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەش ھەققىدىكى داۋانى قوبۇل قىلدى



## قازاقىستانلىق 4 ئۇيغۇر ياش بىراقلا دۇنيا چېمپىيونى بولدى



تۈركىيەنىڭ ئانتالىيە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەتنىڭ ئۇنىۋېرسال، يەنى يەكمۇيەك ئېلىشىش تۈرى بويىچە تۆت نەپەر قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ياش ـ ئاللىيار قەمىردىنوف، رەۋقەت زىرىپوف، تۇرغانجان راسۇل ۋە ئىلھام غاپپاروفلار بىرىنچىلىككە ئېلىشىپ، دۇنيا چېمپىيونى بولغان.



شەرقى تۈركىستانىنىڭ كۆمۈشتىن ياسالغان بويۇنئاسقۇچ خەرىتىسى بازارغا سېلىندى

## ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنىنىڭ قىسقىچە ھاياتى

مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن 1901 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ، 1995 ـ يىلى 17 ـ دېكابىر كۈنى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقىچە بولغان ئۇزۇن يىل جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە خىتايغا قارشى تۈرلۈك كۆرەشلەر بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، 1949 ـ يىلى «ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلغان» دىن باشلاپ، بولۇپمۇ 1954 ـ يىلى تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشكەندىن ئېتىبارەن تۈرك دۇنياسى، ئەرەب دۇنياسى ۋە غەرب دۇنياسىدا پۈتۈن ئىمكانلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئاڭلىتىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئاساس سالغان ۋە ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ 94 يىللىق ئۆمرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە بېغىشلىغان.

# پەتىشىن (ئىمزا ) توپلاش تەسىراتلىرى(3)

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

نامايىش ۋىجداننىڭ كوچىلارغا تۆكۈلۈشى دىمەكتۇر،بىر ئانا چوشقا بىر يىلدا ئۈچ قېتىم تۇغىدۇ . ھەر قېتىمدا 20 دىن بالا تۇغىدۇ. تۇنجى تۇققان باللىرى يەنە ئانىسىغا ئەگىشىپ بالا تۇغۇشقا باشلايدۇ شۇنداق بولغاندا، بىر چوشقا بىر يىلدا 480 بالا تۇققان بولىدۇ. بىر يولۋاس نىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 26 ياش بولۇپ، بىر ئانا يولۋاس ھەر ئىككى يىلدا 2 بىلەن 4 ئارىسىدا يولۋاس تۇغىدۇ. شۇڭا ئۇ يولۋاس دەپ ئاتىلىدۇ.
ئەمما ئۆزىنى ئۇيغۇر ئۆكتىچىلەر، ئۇيغۇر مۇستەققىلچىلىرى دەپ ئاتىۋالغان ئىنكارچىلارنىڭ ئىنكار تۇغۇمچانلىغى چوشقىنىڭ كۆچۈكلىشىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ، ئۇلار تۇققان سەپسەتىلەر ئىندىجنۇس بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇلۇسچىلىقمۇ ئەمەسمۇ؟ ئاپتونمىيەمۇ ؟ مۇستەققىللىقمۇ؟ بىزنىڭ قىزىل سىزىغىمىز مۇستەققىللىق ۋاھاكازا دىگەن سەپسەتىلەر ئاستىدا ئۇلار، ئۇ تەرىپى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىندىن بۇ تەرىپى دولقۇن ئەيساغىچە بولغان بۇ كەڭرى ۋە مۇرەككەپ ئۇيغۇر داۋاسى جۇغراپىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت بارلىق قىممەت قاراشلارنى يوققا چىقىرىدىغان ئىنكارلارنى داۋاملىق تۇغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئىنكار ماھىرلىرىكىن ئەيھانناس ئۇلارنىڭ ئىنكارلىرى ئالدىدا يەر شارىمۇ قانداق چۆگىلىشنى بىلەلمەي قالسا كېرەك. ئۇلار 70 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر داۋاسىدا نىمە نەتىجە چىقىپتۇ ؟ دىگەن بىر ئىنكار سوال بىلەن يەنى قولىنىڭ ئارقىسىدا ئۇرۇلغان بىر شاپىلاق بىلەن ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ بۇ 70 يىلدا تۆكۈلگەن ھەر بىر قەدەم ھەر بىر تەر ۋە بەدەلنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىنكار مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئېتىراپ قىلىش دىگەن ئىبارىلەر بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىنكار ۋە سەپسەتە تارىخى ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنكار تۇغۇمچانلىغى بىلەن، ئەنە شۇ ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقتىن ئىبارەت قارا تارىخنى يېڭىدىن بەرپا قىلماقچى بولىدۇ. ئىنكارچىلار خۇددى قازاننىڭ ئۈستىدە لەيلەپ قالغان چامغۇر پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ. يا قازاندا قاينىمايدۇ ياكى قازان ئاستىغا چۆكمەيدۇ. ئىنكارچىلار خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدىنيەت زور ئىنقىلاۋىدا قوللانغان «خەلق ھەركىتى» ئەندىزىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنكار ۋە سەپسەتەلىرىگە باش تاج قىلىپ كيدۈرىدۇ ئەمما ئۇلار ماھىيەتتە ئۆز خەلقى خوشال بولغان ھەرقانداق بىر نەرسىدىن خوشال بولغان ۋە ھوزۇرلانغان بولماستىن ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ بارلىق خوشاللىقلار ۋە ئۈمۈتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. مەسلەن لوندون ئۇيغۇر



سوتى چىقارغان خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىگى ھەققىدىكى قارارىدىن ئۇلار ھېچقانداق خوشاللىق ھىس قىلمايدۇ . ئىنكارچىلارنىڭ بۇ يىل دىكابىردىكى ئەڭ چوڭ ئىنكار تىمىسى نامايىشنى ۋە ئۇيغۇر سوتى چىقارغان قارارنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بىرقانچە ئىنكارچى بىر گۇرپا بولۇپ، كۆزلىرىگە پېتىنقى ئەينەكلەرنى تاقاپ، سوت قارارىدىكى ئىندىجنۇس پىپول دىگەن ئىبارىلەرنى ساناپ ۋە قوغلاپ يۈرۈۋېتىپتىمىش. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى بۇ ئىنكارچىلار خىتاي ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتاپلارنى بۇنداق تەكشۈرۈش ۋە سۈزگۈچلەردىن ئۆتكۈزۈپ باققان ئەمەس.
ھازىر ئۇيغۇر جەمىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ئىنكارچىلىقتىكى مەخسەت توغرا بىر يەكۈنگە ئېرىشىش ئەمەس بەلكى قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئى نەزەر چوقۇم يېڭىش ۋە يەڭگەن تەرەپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ياشاش . مەسلەن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئىمزانى باشلىتىشتىكى مەخسەت چوقۇم يەڭگەن تەرەپ بولۇپ، بۇ يېڭىش ئېلىپ كەلگەن مەغرۇرلۇق تۇيغۇسى ئىچىدە مەس بولۇش. "خەلق ھەركىتىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى" نى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتيىغا كۆرسۈتۈپ قويۇش. ئەمما يېڭىۋالغاندىن كېيىن ، يەنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتيىي ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ئورۇنغا چۈشكەندىن كېيىن ۋەزىيەت قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنچۇ؟
خۇددى مەشھۇر يازغۇچى جورجى ئورۋەلنىڭ 1984 ناملىق كىتاۋىدا داۋاملىق ئىنكار قىلىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا ئارقىدىن چىقىپ تۇرىدىغانلىغىنى ئوتتۇرغا قويغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر جەمىيتىنىڭ ئىنكارچىلىرىدىمۇ دۈشمەنلەر يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاساسلىقلىرى، دولقۇن ئەيسا، رابىيە قادىر، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، رىشات ئابباس، روشەن ئابباس، ئابلىكىم ئىدرىس، كۇززات ئالتاي، ئىندىجنۇس پىپول، ئاپتونومىيە، ئۇيغۇرىستان شەرقى تۈركىستان، نامايىش......ۋاھاكازا.
ئىنكارچىلار بىر تەرەپتىن خەلق ھەركىتى قوزغاپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك

قىلالمايدىغانلىقىنى ياكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالماقچى بوسا يەنە بىر تەرەپتىن خىتتايغا قارشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نارازىلىق ۋە چۇقانلىرىنىڭ يۇرتگى ھىساپلانغان نامايىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر نامايىشنىڭ تەرجىمھالىنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە نامايىش دەل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايغا قارشى خەلق ھەركىتىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر داۋاسى ئۆز نۆۋىتىدە ۋىجداننىڭ داۋاسى بولۇپ، نامايىش ۋىجداننىڭ كوچىلارغا تۆكۈلۈشىدىن ئىبارەت. دۇنيا ئادالىتىنى ئىنسانلىقنىڭ تۈۋرىگى ھىساپلانغان ۋىجدان يەنى چۇقان، ئىسيانكارلىق، نامايىش چونترول قىلىپ كەلدى. ئەلبەتتە ۋىجدانسىزلىرى يەنى چۇقان، ئىسيانكارلىق ۋە نامايىشنى ئىنكار قىلغۇچىلىرى كۆپ بولغان مىللەتلەرمۇ ئادالەت تارازىسىدا يېنىك ئولتۇرۇپ كەلدى. دۇنيا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ھايۋانلار نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى، كەمستىش ، ئېرقىي قىرغىنچىلىق ، ئىنسانى ئىنسان قۇل قىلىش يەنى قۇللۇقنى يوق قىلىشتەك دۇنياۋى مەسىلىلەرنى "توختا" دەپ تورمۇزلىغان نەرسە ۋىجدان ۋە بۇ ۋىجدان كوچىلارغا سۆرەپ چىققان ئىنسانلار بولغان ئىدى. نامايىشنى ئىنكار قىلىش دىمەك پۈتۈن ھىندىستاننى يالاڭ ئاياق نامايىش قىلىپ ئايلىنىپ چىققان گەندىنى، قارىلارنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئامېركا خەلقىنىڭ ۋىجدانىنى كوچىلارغا سۆرەپ چىققان مارتىن لۇدەر كىڭنى ، ئىلى ۋادىسىنى قاپلىغان مەشرەپلىرى بىلەن خىتاينى ئەندىشىگە سالغان نامايىشچى ئابدۇخېلىل مىجىتنى، 5-فېۋرال غۇلجا نامايىشىنى، بۇ نامايىش كەلتۈرۈپ چىقارغان 5-فېبرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى، ئىسيانكار بارىن روھىنى، 5-ىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى ۋە بۇ قىرغىنچىلىقنى دۇنياغا ئاڭلاتقان 5-ىيۇل ئۈرۈمچى ئاياللار نامايىشىنى ئىنكار قىلىش ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر مىللى روھىنى، ئۇيغۇر ۋىجدانى غۇرۇرىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنكار ۋە ۋە سەپسەتە بىر مىللەت روھىيىتىدە بار بولغان ئىلغارلىقلار بىلەن چىقىشالمايدۇ. يۇنان پەيلاسوپى سوكرات گەرچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك پەيلاسوپى بولسىمۇ، شۇ دەۋرنى ئىنكار ۋە سەپسەتە قاپلاپ كەتكەن بولغاچقا بۇ قىممەتلىك بايلىقنى چەتكە قاققان ۋە پاتۇرمىغان ئىدى. سوكرات، ئۆزىنى سوراققا تارتمىغان ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ دىگەنگە ئوخشاش پەلسەپەۋى ئىلغار پىكىرلىرى بىلەن، ئۆز دەۋرنى ئىنسانلىق پەلسەپىسى بىلەن تۇپ يىلتىزىدىن بىر سىلكىگەن ، ئۆز خەلقىنى ئەخلاققا يېتەكلىگەن بولسىمۇ، سەپسەتىچى ۋە ئىنكارچىلار تەرىپىدىن ئەخلاقسىز ۋە ۋەتىنىگە ئىھانەت قىلغان دىگەن تۆھمەت بىلەن دارگاھ ئېسىلغان ئىدى.

شەرقى تۈركىستاندا نۇرغۇنلىغان قان تۆكۈلۈشلەرگە سەۋەپ بولۇش بەدىگە بەدۆۋلەت قۇرغان، ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرىغا قارىماي ئۆز دەۋرىدە «ئاتلىق غازى» ئۇنۋانى بېرىلگەن، پەرغانىلىق ياقۇپ بەگنىڭ خوتەن ئەمىرلىگى، كۇچا ئەمىرلىگى، ئۈرۈمچى ۋە ئىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭرى ۋە ساپ ئۇيغۇر يۇرتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ ئارقىسىدا، ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت قۇرالمايدۇ، ئۇيغۇر دىيارىنى مەن چونترول قىلىشىم كېرەك دەيدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆزمەنچىلىك، ئىنكارچىلىق ۋە تار ئۆزبەكچىلىك سەپسەتىسى يەر ئالغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى زوزۇڭتاڭ بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ، ياقۇپبەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، زوزۇڭتاڭنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى بىر پاي ئوق ئاتماي بېسىۋېلىشىغا زىمىن ھازىرلاپ بەرگەن، ياقۇپبەگنىڭ خوتەن ۋالىسى نىياز بەگ بىلەن غەزىنىچىسى ھوشۇر بەگلەر، نىشانغا قارىماي، بارماققا قاراپ تۈرۈۋالىدىغان شىنپەنزىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ياقۇپ بەگنى رەت قىلىپ ، زوزۇڭتاڭنى ۋەتەن’گە باشلاپ كىرگەن ئىدى.

ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئاسترونىمى، ئۇ قۇرغان يۇلتۇزلار سېتىمىسىنى تەكشۈرەيدىغان رەسەتخانىلار دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ئۆزبەك ئاسترونۇم ئۇلۇغبەگنى ئۆز ئوغلى تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلاپ ئاپارغان نەرسە، ئاللا بىلەن ئەقىل تالىشىۋاتىدۇ دىگەن سەپسەتە ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللامغا قىلىنغان سۇيىقەست، سابىت داموللامنى مەھكەم باغلاپ شىڭشىسەينىڭ ئالدىغا ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ بېرىش، تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، ماخمۇت مۇھىدى ۋە باشقا شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلىرىنىڭ ئارقىسىدا بىر سەپسەتە كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان ئىدى.

تۈرۈك سىياسەتچى ئادنان مەندىرەسنى دار مەدانىغا سۆرەپ ئاپارغان نەرسىمۇ دەل ھېچنىمگە ئەرزىمەيدىغان قۇۋۇق سەپسەتە ئىدى.

ۋەتەن ئىچىدىكى جازا لاگىرلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق نىدالىرى، ئۆلۈم خەۋەرلىرى ئارقا ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، چەت’ەللەردىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ، ئىنكار ۋە سەپسەتەلەرنى ئۈستىگە لىق باسقان، ئۇنى ئاز دەپ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئېرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بىرلەشكەن دۆۋلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋرۇپا بىرلىگى ۋە باشقا ئەركىن دېموكراتىك دۆۋلەتلەردە توختىماي ئاڭلىتىپ بۇ يولدا بۆسۈش خارەكتىرلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەت’ەللەردىكى بىردىن بىر ئالى داۋا ئورگىنى بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى ، ئۇيغۇر

خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ۋاھاكازا دېگەندەك بىر ئىمزا توپلاشنى قىستاپ باسقان، بىر ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋا ناھايىتى خەتەرلىك ھالدا چوڭقۇر ھاڭغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتماقتا. ئەگەر چەت'ەللەردىكى ئۇيغۇرلار، بۇ ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى توختىتالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇستەققىللىق ھەققىدە يوغان گەپ قىلمىسا بولىدۇ.

شۇنداق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى مۇستەققىللىق داۋاسى خەلقارالىق بىر داۋا رىپلىسغا كىردى . بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چەت'ەللەردىكى ئۇيغۇر جەمىيەتىمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىنكار ۋە بۇ ئىنكارلار كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ياشلارغا ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ تارىخى بوگۈنى ۋە كېلەچىگى ھەققىدە سەۋىيەلىك لىكسىيەلەرنى سۇنۇشى، ھەر قايسى پەسىللىك تەشۋىقات يۈنۈلۈشلىرىنى تۈزۈپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا يارىشىدىغان شەكىلدىكى يۇقۇرى سەۋىيەلىك تەشۋىقات، خەۋەرچىلىك رادىو تېلۋىزىيە مىخانىزمى بەرپا قىلىشى، ئۇيغۇر داۋاسىدا بىلىمگە قارىغاندا جاسارەت بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ دەيدىغان كونا قالپاقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭى ئادەم، يېڭى پىكىر ۋە يېڭى ئىلغار چۈشەنچىلەر بىلەن ھەم بىلىمى ھەم جاسارىتى بار ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ يېڭى بىر دەۋرىدىكى سەرخىللىرىنى يېتىشتۈرىدىغان خەلقنىڭ يېتەكچىسى ۋە يول باشچىسى بولۇش يولىغا قاراپ مېڭىشى كېرەك.

سەپسەتىلەر دەۋرىگە كىردى. بۇنداق بىر تارىخى شارائىتتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىمۇ يېڭى چارە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرغا قويۇشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىچكى مىخانىزىمىدا ساخلىنىپ كېلىۋاتقان تار دائىرلىك چەمبەرسىمان پىقىراپ داۋا قىلىدىغان تەشكىلى قۇرۇلمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشىگىنى بارلىق ئوخشىمىغان قاراشتىكى ئۇيغۇرلارغا كەڭرى ئېچىشى، كۆپ ساندىكى دىپلوماتلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ،

گەرچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر داۋاسىدا نۇرغۇنلىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئەمما مەن يازغان جەنۇە يۈرۈشى ۋە مىيۇنخىن ئۇچۇرشىشىدا دىققىمنى چەككەن نۇقتىلار دېگەن ماقالەمدە ئوتتۇرغا قويغۇنۇمدەك، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى بىر پويىزغا ئوخشاتساق پويىزنىڭ بېشى ياكى پراۋۇزى ياخشى ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ ئەمما، پويىزنىڭ ئوتتۇرسى ۋە قۇيرىغى تېخى بوش. شۇنداق ئەمدى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى چەت'ەللەردىكى ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ جاماەت پىكرى يۈنۈلۈشگە لىدىرلىق قىلىشى، ئۇمۇتسىزلەنگەنلەرگە ئۇمۇت يوللىرىنى كۆرسۈتۈشى قايمۇققانلارغا يول كۆرسۈتۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا خىتتاي ئويۇن ئويناۋاتقان بۇ ئىنكار ۋە سەپسەتە بوشلۇغىنى تامامەن تاقىيالايمىز.

# ئۇيغۇرنىڭ پىسخىك ئانالىزى

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

شەرقى تۈركىستاندىكى چاغ :
_چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس ئادەملەر،بىزنى دۇنيادا ھەممە خەلقلەر تونۇيدۇ،بىزنىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىمىز بار،چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلىرىمىز كېچە-كۈندۈز بىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ،بىر-بىرىگە ئورا كولاش ئۇلاردا يوق ھەتتا ئۇششتۇمتۇت خىتايغا باستۇرۇپ كىرىپ بىزنى ئازات قىلىۋېتىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى.
چەتئەلگە چىققان دەسلەپكى يىللىرى:
_ئۇيغۇر داۋاگەرلىرىنىڭ بەزى گەپلىرى خاتادەك قىلامدۇ _نىمە ؟ نەچچىمىڭ قوشۇنىمىز نەدىدۇ؟ ئامېرىكا ۋە تۈركىيەدىكى بازلىرىمىز نەدىدۇ؟
بەش يىل بولغاندا :
_ئۇيغۇر داۋاگەرلىرى ئۇخلاپ ياتىدىكەن ،ياق ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرى زامانغا ماس كەلمەيدىكەن،ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ،ئاپتونومىيەچى ھەتتا ئىندىجىنسچىدەك قىلامدۇ نىمە؟
7يىل بولغاندا:
_ئۇيغۇر داۋاگەرلىرى بىزنى سېتىپ خەجلەيدىكەن ،ئەگەر ئۇلار مۇستەقىللىقنىڭ داۋاسىنى قىلغان بولسا،ھازىرغا قەدىر مۇستەقىل بولۇپ كېتىدىكەنمىز،زادى مۇشۇ گويلار بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزگە توسالغۇ بولۇپتىكەن.ئۇۋۇ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا گومينداڭچى ئىكەن ئەمەسما؟ ئەيسا يۈسۈپ تەيۋەندىن پۇل ئېلىپتىكەن،تېخى ھۆججەتنى بۇسۇرۇپ يېتىپتىكەنغۇ؟
ھازىرقىلىرى شۇ خىتاي مەنبەلىرىدە ئېيتىلغىنىدەك مىت،سىئا قاتارلىق ئىستىخباراتنىڭ كونتروللىقىدا ئوخشايدۇ،ئىنگىلىزچە نىزامنامىدا باشقا گەپ يېزىپ،ئۇيغۇرچىسىدا باشقا گەپلەرنى قىلىدىكەن بۇ گويلار.
ئون يىل بولغاندا :
_ئەڭ ياخشىسى تەشكىلاتتىن بىرنى قۇرۇپ كۆرەشنى مەنلام قىلمىسام،باشقا تەشكىلاتلار داۋانى مونوپول قىلىۋاپتۇ،مېنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىمنى ئاڭلىماي ئۆزى خالىغاننى قىلىدىكەن بۇلار،بىز ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمايمىز،ئۇلارنى بىز سايلىمىغان تۇرساق. ياق ئۇلارنى ئۆرۈۋېتىش كېرەك.
12يىل بولغاندا :
تەشكىلاتنىمۇ قۇرۇپتىمەن،قىلغان ئىشلىرىمۇ چاغلىق بولدى. ھەي_ئاشۇ چوڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقايمۇ_يە؟ماڭا بىر يول كۆرسىتىشى مۇمكىن.
15يىل بولغاندا :

_ئەپسۇس، داۋاگەر چوڭلار ئاللىقاچان تۈگەپ كەتتى، راستىنى ئېيتسام، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى تولىمۇ دانا ئىكەنتۇق.
20يىل بولغاندا :

ئىستت بىچارە چوڭلىرىم، سىلەرنىڭ قىلغان _ كۆرەشلىرىڭلارنىڭ قەدرىگە ئەمدى يەتتىم، ئەپسۇسلىنارلىقى مەن سىلەرنى تولىمۇ كېچىكىپ چۈشىنىپتىمەن 💔

# ئىنكارچىلىق تەكپىرچىلىكنىڭ يېڭى ۋاريانتىمۇ؟

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ – رضي الله عنه – قَالَ: إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقُولُ: "لَا تُشَدِّدُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ فَيُشَدَّدَ عَلَيْكُمْ فَإِنَّ قَوْمًا شَدَّدُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ فَشَدَّدَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ

**ئەنەس بىننى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان:سىلەر ئۆستۈڭلارغا قاتتىق يۈكنى يۈكلىۋالماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تەئالا سىلەرنى ئېغىرچىلىقلارغا دۇچار قىلىدۇ.(مەلۇم) قەۋم ئۆزىگە قاتتىق يۈكنى يۈكلىۋالغان ئىدى، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى ئېغىرچىلىققا دۇچار قىلغان .**

**بىز تېخى يېقىنى بىر يىللىرى شەرقى تۈركىستاندا ياماراپ كەتكەن تەكفىرچى ئېقىمدىن زارلىناتتۇق، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان سۆز ئىبارىسى بىدئەت، شىرك، تاغۇت قاتارلىقلار ئىدى. قارىماققا ئۇلارنىڭ ئىسلامغا شۇنچىلىك ئىخلاسى باردەك كۆرۈنسىمۇ، قىلىقلىرى بەئەينى خاۋارىجلارنى ئەسلىتەتتى، داۋاملىق تەكرارلايدىغان بىرنەچچىلا ھەدىسى بار بولۇپ كېيىن مەن ئەقلىمنى تاپسام ئۇ ھەدىسلارمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ مۇئەييەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا ئېيتقان سۆزلىرى ئىكەنتۇق، ئۇلار ئاشۇ ھەدىسنىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈپ ھاياتتا تەتبىقلىغىلى بولمايدىغان ئۆتوپىك چۈشلىرى ئۈچۈن قالغان قىلغان ئىكەن. ئۇلار خىتايلارنىڭ غالچىلىرى بىلەن ھەپىلەشمەي ساپ كونا ئەھلى ئىلىملەرگە شىلتىڭ ئاتاتتى، نەزرە-چىراق قىلىشنى، قەۋرە بېشىدا سۈرە ئوقۇپ تەبلىغ قىلىشنى بىدئەت دەپ ئۇيغۇرلاردا دىنى سورۇن مۇنبىرىگە ئايلىنىپ بولغان قەۋرە بېشىدا قۇرئان ئوقۇپ تەبلىغ قىلىش، جىنازە چىققان ئۆيدە پاتىھە ئوقۇش ئەنئەنىسىنى يەردىن يەرگە ئۇراتتى، قاغىلىقتىكى ئابلىكىم مەخسۇم، خوتەندىكى ئابدۇلئەھەتخان مەخسۇملارنى چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى ئۇنىماي تۈگۈلۈۋالدى...دەپ پۈتۈن قىلغان خىزمەتلىرىنى نۆلگە تەڭ قىلىۋېتىشەتتى، پوتو رەسىمگە چۈشۈش ھارام، ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە ئىشلەش ھارام، بانكىدا ئىشلەش ھارام، خىتاينىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش ھارام، خىتاينىڭ چىقارغان پۇلىنى ئىشلىتىش ھارام دەپ خەلقىمىزنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ناھايىتىمۇ بىمەنە ئىشلارغا تەرغىپ قىلىشاتتى.**

**ئىسلام تارىخىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن ئانچە ئۇزاق بولمىغان دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خاۋارىج ناملىق بىر پىرقە ئۆتكەن بولۇپ ان الحكم الالله- ھۆكۈم پەقەت ئاللاھتا تەۋە ئايىتىنى ئۆزىگە قالغان قىلىپ ئەينى دەۋردىكى ئىسلام خىلاپىتىگە قارشى فىتنە ئوتىنى تۇنجى قېتىم ياققان بولۇپ كېيىن ھەزرىتى ئەلىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىغان مۇئاۋىيە قوشۇنلىرىنىڭ قولىدىكى نەيزە ئۇچىغا ئاسقان تېرە پارچىسىغا مەزكۇر ئايەتنى يېزىپ شۇئار قىلغان ئىكەن. شۇ چاغدىكى خاۋارىجلار گۇناھى كەبىرە ئۆتكۈزگەن كىشى كاپىردۇر، ئاللاھنىڭ نازىل قىلغىنى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەن كىشى كاپىردۇر دېگەن گەپلەر بىلەن ھەزرىتى ئەلىگە قارشى كۆرەش قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش ئۈستىدىكى پاسىبانىنىڭ بۈگىدەك مەلۇم كەمچىلىكلىرىنى بۈگىدەك كۆرسىتىپ چوقان كۆتۈرۈپ تالاي مۇسۇلمانىنىڭ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى بەرپا قىلغان ئىكەن.**

**يېقىنقى زامان ئىسلام توپلۇمى ئىچىدە مىسىردىكى ئىخۋانۇلمۇسلىمىن ھەرىكىتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستاپا شەكرى رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان تەكپىر ۋە ھىجرەت ئېقىمى بىزگە ئاچچىق ساۋاق بولالايدۇ.ئۇلار ئۆزلىرىدەك سىياسى كۆز-قاراشقا ئىگە ئەمەس كىشلەرنى كاپىرغا چىقارغان ۋە ئۆزلىرى كاپىرغا چىقارغان كىشلەرنى كاپىر دېمىگەنلەرنىمۇ كاپىر دەپ مۇستەملىكىدە ياشاۋاتقان بارلىق ئەھلى ئىسلام ياشاۋاتقان تاغۇت رېجىمنى تاشلاپ دارۇلئىسلامغا ھىجرەت قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئىمانسىز كېتىدۇ دېگەن سەپسەتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ نۇرغۇن تەرەپتار توپلىغان. بىز مۇشۇ ئېقىمدىن زەھەرلەنگەن نەچچە ئونمىڭلىغان خەلقىمىزنىڭ تېخى يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە ئەرەپ چۆللىرىدە ھالاك بولغانلىقى ئۇنتۇمايلى .**

**ئىنكارچىلىقمۇ مەلۇم مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەكپىرچىلىك بىلەن قوشماق بولۇپ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى قىلمىغان بىرەر كىشى ياكى تەشكىلاتنىڭ مەلۇم خاتالىقىنى تەنقىتلىگەندە دۈشمەن پوزىتسىيەدە تۇرۇپ رەھىمسىزلىق بىلەن يەرگە ئۇرۇپ بىر ئۆمۈر ياكى ئۇزۇن يىللىق ئەمگىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشتۇر. تېخى بۇنىڭلىق بىلەن كۇپايىلەنمەي سۈيىقەست**

**نەزەرىيىسى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئەڭ بىغۇبار پائالىيەت ياكى ئەمگەككە باشقىچە تەبىر بېرىپ خائىنغا،مىللەتنى سېتىۋەتكەنگە چىقىرىشتۇر. مەن بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەكپىرچىلىكتىن ھالقىپ ئىنكارچىلىققا يۈزلەندۇقمۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.**

**شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ مۇقەددەس داۋاسى كۆپ قىرلىق داۋا بولۇپ بۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا چېتىلىدىغان،ئىنسانپەرۋەرلىككە،ئىسلام دۇنياسىغا،تۈرك دۇنياسىغا ئالاقىدار فرونتلىرى بار،شۇڭا بىر ـ بىرىمىزنى ئىنكار قىلىش بىلەن،تەشكىلاتلار ئۆز ـ ئارا بايانات ئېلان قىلىشىپ پالانى تەشكىلات ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، بىزلام يىگانە ۋەكىل دېگەندەك كۆلكىلىك ماجرالارنى تاشلىۋېتىشى،دۈشمەن ئوبيېكتىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى ھەرئىش ـ ھەرىكىتىدە ئاساسى پىرىنسىپ قىلىشى زۆرۈر. بۇنداق قىلمىغاندا بىز تەنقىتلىگەن تەكپىرچىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ ھەرئىككىسى ئوخشاش ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ.**

## غۇلامىدىن پاختا كىم؟



غۇلامىدىن پاختا يەتمىش يىلدىن بېرى ۋەتەن سىرتىدا ياشىغان پېشقەدەم ئىنقىلابچىمىزدىن بىرى. ئۇ 1930 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئىككى ياش ۋاقتىدا ئانىسىدىن يېتىم قالغان. غۇلامىدىن پاختىنىڭ باللىق چاغلىرى جاللات شېڭ شىسەيىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى رەسمىي ھالدا ئىدارە قىلىپ تۇرغان دەۋرگە توغرا كەلگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا قەشقەر دوتىيى ئەخمەت پاختىنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلغان (1). شۇنداق قىلىپ، غۇلامىدىن چوڭ ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ دادىسى قەشقەردە قايتا پەيدا بولۇپ، قەشقەردە مەكتەپ ئاچىدۇ .

بۇ مەكتەپ قەشقەر شەھىرىنىڭ نوبېشى مەھەللىسىدە ئېچىلغان بولۇپ، مەكتەپكە «نەمۇنە» دەپ ئىسىم قويۇلغان. مەكتەپنىڭ ئېچىلىشى ۋە يۈرۈشۈشى گېنىرال مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، غۇلامىدىن پاختا مانا مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيە ئالغان.



غۇلامىدىن پاختا ئەپەندى ئۆز جەمەتىنىڭ «پاختا» لەقەبى بىلەن ئاتىلىشى توغرۇلۇق مۇنداق چۈشەنچە بەرگەن: «دادام ئەخمەتئاخۇن پاختا، ئۇنىڭ دادىسى مۆمىن چوڭ پاختا ۋە ئۇنىڭمۇ ئالدىدىكى ئەجدادلىرىمىز قەشقەردە پاختا يىغىپ، رۇسىيە ۋە باشقا ئەللەرگە پاختا سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر ئىكەن. چوڭ دادام مۆمىنئاخۇن چوڭ ۋە دادام ئەخمەتئاخۇننىڭ زامانىغا كەلگەندە دادام رۇسىيەدىن پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى ئېلىپ كىرىپ، توققۇزاق ھىلاكودىكى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدا پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغان ئىكەن. بۇ زاۋۇتتا يۈزلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى ئىشلىگەن ئىكەن. شۇڭا قەشقەر خەلقى جەمەتىمىزدىن تارتىپ بىزنى ‹پاختا› دېگەن كەسپىي لەقەم بىلەن ئاتاپ كۆنگەن ئىكەن.»(2)

غۇلامىدىن پاختىنىڭ دادىسى ئەخمەت پاختا كاللىسى ئوچۇق، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى بولۇپ، تىجارەتتىن سىرت مىللەتنى ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان شەخسلەردىن بىرىدۇر. بۇ سەۋەبلىك ئەينى دەۋردىكى

قەشقەر دوتىيى ئەخمەت پاختىنىڭ قەشقەردىكى تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئەخمەت پاختا بىر مەزگىلدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ، ئاقسۇەتتە ئاقسۇدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، بۇنىڭدىن سىرت تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشكىللەيدۇ. بۇ ھالدىن دەرغەزەپ بولغان ئاقسۇ دوتىيى ئەخمەت پاختىنىڭ قەشقەرگە قوغلىۋېتىدۇ. قەشقەردە قەشقەر دوتىيى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى بىر مۇھىم ۋەقەلىك «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئۇيغۇرچە بۆلۈمى تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بىز شۇ قۇرلارنى ئەينەن بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

غۇلامدىن ئەپەندىنىڭ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر دوتىيى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئەخمەت پاختا كېچىدە مەخپىي ھالدا يەكەنگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆلۈم خېتى كېسىلگەن 6 نەپەر ئۇيغۇر مەھبۇس يەكەندىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ گازارمىسىدا مەخپىي ھالدا ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ. قىلىچىنى يالىڭاچلىغان جاللات ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئاشۇ مۇدھىش دەقىقىدە ئەخمەت پاختا تاسادىپىي ھالدا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئەخمەت پاختانىڭ كېيىنچە ئوغلى غۇلامدىن ئەپەندىگە ئەسلەپ بېرىشىچە، يەكەندىكى خىتاي ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق ھەربىي گازارمىنىڭ قوماندانى ئەينى زاماندا ئاقسۇدا ئەسكەر باشلىقى بولۇپ تۇرغان بىر خىتاي ئوفىتسېر ئىكەن. شۇ يىللىرى ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەسكەرلىرىگە بېرىلىدىغان مائاش ئۈزۈلۈپ قالغاندا، ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي بانكىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئەخمەت پاختادىن قەرز سورىغان ئىكەن. ئەسكەر باشلىقىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان بانكا باشلىقى ئەخمەت پاختا ئۇلارغا قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان ئەخمەت پاختا يەكەنگە ئېلىپ بېرىلىپ، جازانى ئىجرا قىلىدىغان مەيداندا ھېلىقى خىتاي ئوفىتسېر ئۇنى تونۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، ئەخمەت پاختانى چېپىش بۇيرۇقىنى توختىتىپ ئالىدۇ. خىتاي ئوفىتسېر ئەخمەت پاختانى ئايرىم بىر خانىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەخمەت پاختانىڭ ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. خىتاي ئوفىتسېر ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇناسىۋەت تورىغا تايىنىپ ئاخىرى ئەخمەت پاختاغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنىڭ نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ياكى ئۈرۈمچىدىكى مىلىتارىست ھاكىمىيىتىدىن ئەمەس، بەلكى قىزىل موسكۋادىن كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئۇ ئەخمەت پاختانى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دەرھال، يەنى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ھىندىستانغا يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتىشىنى، چەتئەلدىن ئىككىنچى قايتىپ كەلمەسلىكىنى شەرت قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان ئەخمەت پاختا ئەسكى چاپانغا ئۈرۈنۈپ، قاغىلىق كۆكيار يولى بىلەن ھىندىستانغا قاچىدۇ. نەچچە ئون كۈن كېچىسى يول مېڭىپ، كۈندۈزى مۆكۈنۈپ، ئاخىرى ھىندىستان تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھىندىستاندا ئىككى ئايچە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئەخمەت پاختا ئاخىرى بىر تونۇشىنىڭ ياردىمى ۋە قەرز بېرىپ تۇرۇشى بىلەن ئۇ يەردىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېتىدۇ.

ئەخمەت پاختانى يەكەنگە ئېلىپ بارغان مەپىكەش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەشقەرگە قايتىپ، توققۇزاق ھىلاكودىكى پاختا ئائىلىسىگە بارىدۇ ۋە ئەخمەت پاختانىڭ يەكەندە قەتلە قىلىنغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت پاختانىڭ قەشقەردىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇنى يەكەندە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، دەپ بىلىدۇ. ھەتتا ئوغلى غۇلامدىن پاختامۇ تاكى 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە دادىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

ئارىدىن ئون يىللارچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. 1947 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جەنۇبقا ئەۋەتىدۇ. مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ تەركىبىدە قەشقەرگە كەلگەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ خانىمى ئامىنە بۇغرا تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە ياش غۇلامدىن پاختاغا دادىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بېرىدۇ.

ئەتىسى ئامىنە بۇغرا ئەخمەت پاختانىڭ ئىستانبۇلدىن ئەۋەتكەن سۈرىتى بىلەن مەكتۇپىنى ئېلىپ غۇلامدىن پاختا سودا قىلىۋاتقان دۇكانغا كېلىدۇ. دادىسىنىڭ ئىستانبۇلدا چۈشكەن سۈرىتى بىلەن ئەۋەتكەن خېتىنى كۆرگەن غۇلامدىن پاختا دادىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە رەسمىي ئىشىنىدۇ.

1946 ـ يىلى ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» گە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئىستانبۇلدىكى ئەخمەت پاختاغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ،

ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ، يېڭى قۇرۇلغان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئېلىشىنى، ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەخمەت پاختامۇ مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ مەكتۇپىغا جاۋاب مەكتۇپ يېزىپ، يېڭى قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى قۇتلايدۇ.

ياش غۇلامىدىن بۇ خەۋەردىن كېيىن دەرھال تۈركىيەدىكى دادىسىغا خەت يازىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى ئەخمەت پاختادىن جاۋاب خەت كېلىدۇ ۋە ئوغلى غۇلامىدىننىڭ ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە كېلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.(3)

بىراق، غۇلامىدىن پاختا ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بۇلاڭچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە شۇنچە ئىلتىماس قىلىپمۇ پاسپورت ئالالمايدۇ. 1949-يىلى كۈز ئېيىدا خىتاي ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە بىر نەچچە ھەپتىدە قەشقەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇشىنى ھېيتگاھ مەيدانىغا چاپلانغان ئېلان ئارقىلىق خەۋەر تاپقان قەشقەر خەلقى قاتتىق ئېغىر ساراسىمىگە چۈكىدۇ ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەر چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نامدار شەخسلەردىن ئىيسا يۈسۈپ ۋە مەمتىمىن بۇغرا قاتارلىقلارنىڭ كارۋىنىدىن توققۇز كۈن بۇرۇن قەشقەردىن چەتئەلگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ بۇ سەپەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

»بىز 29 كۈن تاغ ئاتلاپ، قار كېچىپ ئاخىرى ھىندىستاننىڭ كەشمىر دېگەن رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ جەرياندا 400 دىن ئارتۇق سەپەرداشلىرىمىز، سوغۇق، ئاچلىق ۋە تاغدىكى تۆتەكتىن زەھەرلىنىش بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلارنىڭ جەسەتلىرى تاغ-داۋانلاردا قېپ قالدى. كېيىنچە تۈرلۈك يوللار بىلەن كەشمىرگە يېتىپ بارغان، تىبەت يولى ئارقىلىق خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن سوقۇشۇپ ئاخىرى چېگرا ئاتلىغان قازاق قېرىنداشلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا كەشمىردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئومۇمىي سانى 11 مىڭ بەش يۈز كىشىگە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.»(4)

ياش غۇلامىدىن پاختا چەتئەلگە ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاتلانغان بولۇپ، چېگرادا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلانغان بۇ كارۋان 29 كۈن يول يۈرۈش ئارقىلىق ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونىغا ئاچ-يالىڭاچ ۋە قۇرۇق قول ھالەتتە يېتىپ كېلىدۇ. سەپەر جەريانىدا بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، غۇلامىدىن پاختىنى كىچىكلىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان چوڭ ئانىسىمۇ مۇشۇ قىيىنلىق سەپەر جەريانىدا ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ.

غۇلامىدىن پاختا كەشمىردە باشقا سەرگەردان ئۇيغۇرلار بىلەن بىر قاتاردا ئالتە ئايدەك تۇرۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا تۈركىيەدىكى دادىسى ئەخمەت پاختىنىڭ تەلىماتى بويىچە تۈركىيەگە كېتىش ئۈچۈن تۈركىيە ۋىزىسى قويدۇرۇشقا بومبايغا قاراپ سەپەر قىلىدۇ. غۇلامىدىن پاختىنىڭ قولىدىكى گومىنداڭ پاسپورتى، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قۇرغان ھىندىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئۇ بومبايدا بىرەر يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ ۋە تۈركىيەگە كېتەلمەيدۇ. ئۇ ئاخىرىدا سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن بومبايدىكى تۈرك كونسۇلخانىسىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئۇلاردىن تۈركىيەگە كېتىش ئۈچۈن ۋىزا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ ئامىتى كېلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا گەرچە ھېچقانداق قانۇنى كىملىكى بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بومبايدىكى تۈرك كونسۇلى ياش غۇلامىدىن پاختانىڭ قىيىن ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تۈركىيەگە بارىدىغان ئالاھىدە يول خېتى بېرىدۇ. (5(

غۇلامىدىن پاختا 1951-يىلى ئاخىرى تۈركىيەگە بېرىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇ 21 ياشتا ئىدى. نەچچە ھەپتىلەپ سۈرگەن دېڭىز سەپىرى ئارقىلىق ئىراقتا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، باغداتتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تۈركىيەگە قاراپ يولغا چىقىپ، تۈركىيەنىڭ ئادانا شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئاخىرىدا ئىستانبۇل ھەيدەر پاشادا ئون تۆت يىلدىن بېرى كۆرۈشۈپ باقمىغان دادىسى ۋە بىر تۈركۈل ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ.

غۇلامىدىن پاختا كۈچلۈك ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتقاندىن كېيىن، ئاخىرى ئەنقەرەدىكى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا ئېلېكتېر ئېنېرگىيىسى كەسپى بويىچە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئىستانبۇلدىكى توپقاپى مۇزېيخانىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق كونترول بۆلۈمىگە تېخنىك خادىم سۈپىتىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ. يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئارزۇسى كۈچەيگەن غۇلامىدىن پاختا توپقاپى مۇزېيىدا بىر نەچچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1955-يىلى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ گېرمانىيەگە ئوقۇشقا ئاتلىنىدۇ. 1956-يىلى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىگە قەدەم باسقان غۇلامىدىن پاختا، گېرمانىيەگە ئاياق باسقان تۇنجى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ يىللاردا ئامېرىكانىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى تەشۋىقات تۈرلىرىدىن بىرى بولغان «ئازادلىق رادىئوسى» ۋە «ئەركىن ياۋروپا رادىئوسى» خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ. «ئازادلىق رادىئوسى» تۈركىستانچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋەلى زۇنۇن ئەپەندى ياش غۇلامىدىننىڭ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى مەزكۇر رادىئونىڭ

ئامېرىكالىق باش دىرېكتورىغا تونۇشتۇرىدۇ. ئەنە ئاشۇ ئۇيلاپ باقمىغان كۆرۈشۈشتە تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئامەت غۇلامىدىن پاختاغا ئۆز قۇچىقىنى ئاچىدۇ .

»ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ دىرېكتورى غۇلامىدىن پاختا بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇش تارىخى، خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئېلېكتر تېخنىكىسى بويىچە داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسىنى بىر-بىرلەپ ئاڭلايدۇ. ئاخىرىدا ئۇ غۇلامىدىن پاختاغا كەلگۈسىدە مەزكۇر رادىئودا خىزمەت قىلىش شەرتىنى قويۇپ، ئۇنى نۇرېنبۇرگدىكى رادىيو-تېلېۋىزىيە تېخنىك ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى پۈتۈن ئوقۇش ۋە تۇرمۇش راسخوتىنى كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (6)

گېرمانىيەدىكى گۆتە ئىنستىتۇتىدا يېرىم يىللىق جاپالىق تىل ئۆگىنىش كېيىن، غۇلامىدىن پاختا -1956يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا غۇلامىدىن پاختا گېرمانىيەنىڭ نۇرېنبۇرگ شەھىرىگە جايلاشقان رادىئو-تېلېۋىزىيە تارقىتىش تېخنىك ئىنستىتۇتىغا تولۇق ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن 4 يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. غۇلامىدىن پاختا نۇرېنبۇرگدىكى 4 يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى 3 يىلدا تاماملاپ، رادىيو-تېلېۋىزىيە تارقىتىش كەسپى بويىچە دىپلومغا ئېرىشىدۇ. 1959-يىلى «ئازادلىق رادىئوسى»غا خىزمەتكە چۈشىدۇ.

تۈركىي تىللاردىن ياخشى خەۋەردار تىرىشچان ياش غۇلامىدىن پاختانىڭ ئارقا-ئارقىدىن تەلەپ قىلىشى بىلەن ئاخىرى «ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ ئۆزبېكچە پروگراممىلىرىنىڭ ئارىسىدا سىناق تەرىقىسىدە ھەپتىدە بىر پارچە ئۇيغۇرچە ماقالە ئاڭلىتىشقا ئىجازەت بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، غۇلامىدىن پاختانىڭ قەلىمى ۋە ئاۋازىدىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە پروگراما گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ياڭرايدۇ.(7)

-1960يىلى غۇلامىدىن پاختا تۈركىيەگە كېلىپ، دادىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن كەشمىردە ئۇچرىشىپ قالغان ۋە ئاتا-ئانىسى غۇلامىدىن پاختىنىڭ دادىسى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلاردىن بىرىنىڭ گۈلنار قىز ئىسىملىك قىزى بىلەن توي قىلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ گېرمانىيەگە كېتىدۇ. تۈركىيە پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1961-يىلى ئەلچىخانىدىن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان غۇلامىدىن پاختا تەلەپكە بىنائەن خىزمىتىدىن رۇخسەت سوراپ، بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا تۈركىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى تىزىملىتىدۇ.

ھەربىي مەكتەپ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئوقۇش ۋە دۆلەتكە خىزمەت قىلىش تارىخىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تۈركىيە ئارمىيەسىنىڭ «يېدەك سۇباي» ، يەنى بىر يۈلتۇزلۇق زاپاس ئوفىتسېر ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. ئۇ، «يېدەك سۇباي» ئۇنۋانىنى ئالغان ھەربىي ئوفىتسېرنىڭ ئەگەر ئۇرۇش پارتلىسا، تۈركىيە ئارمىيەسىدە تەخمىنەن 100 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ.( 8)

غۇلامىدىن پاختا يېرىپ يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ ئەرزۇرۇم ۋىلايىدىتىگە قاراشلىق ئولۇر ناھىيىسىنىڭ تاشلىكۆي يېزىسىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ ۋە بۇ يەردە مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن بىر يېرىم يىل قالىدۇ. 1963-يىلى گېرمانىيەدىكى خىزمىتى ئۈچۈن گېرمانىيەگە قايتىدۇ.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سوغۇق ئۇرۇش باشلانغان يىللاردا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە تەسىس قىلغان «ئازادلىق رادىيوسى» ئەينى ۋاقىتتا غەرب دۇنياسىدىن تۈركىي تىللىرىدا ئاڭلىتىش بېرىدىغان بىردىن-بىر رادىيو ئىدى.(9) خىزمەت داۋامىدا غۇلامىدىن پاختا غەرب دۇنياسىدىن ياڭرىغان بۇ تۇنجى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى روياپقا چىقىرىدۇ.

»ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى رەسمىي تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، 1960-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1970-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياندا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئادەم كۈچى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ ۋە رادىيو پروگراممىلىرىمۇ خىللىشىدۇ.

»ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى رەسمىي تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، 1960-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 1970-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياندا ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئادەم كۈچى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ ۋە رادىيو پروگراممىلىرىمۇ خىللىشىدۇ. 1966-يىلى غۇلامىدىن پاختا «ئازادلىق رادىئوسى» تۈركىستان بۆلۈمىنىڭ نيو-يوركتا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئايالى ۋە تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا بىرقانچە يىل بولغان ئوغلىنى ئېلىپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىدۇ.(10)

كېيىنكى يىللاردا غۇلامىدىن پاختا باش شتابى نيۇ-يوركتىكى «ئامېرىكا تۈركىستانلىقلار بىرلىكى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سەۋەبلىك نۇرغۇن نەرسىلەر قۇربان قىلىنىپ كەلگىنى ھەقىقەت. شۇنىڭدىن بىرى، 1970 ـ يىللاردا كېيىنكى ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېتنى ئىتتىپاقىنى يىقىتىش ئىستراتېگىيىسى سەۋەبلىك، خىتاي رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكىغا زىيارەتكە كېلىشتىن ئون بەش كۈن ئىلگىرى «ئازادلىق رادىئوسى» ئاڭلىتىلىشى توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئون سەككىز يىلدىن كېيىن، يەنى 1989 ـ يىلى ۋاشىڭتوندا «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى»دا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش قايتا باشلىنىدۇ.

غۇلامىدىن پاختا 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مەرھۇم دوستى ھاجى ئاخۇن، يەنى ھاجى ئەھمەد بىلەن بىرلىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت جەمئىيىتى» ناملىق تەشكىلات قۇرىدۇ.

شۇ يىللاردا غۇلامىدىن پاختا ئەسلىدىكى «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت جەمئىيىتى» ئاساسىدا يېڭى بىر ئىلمىي ئورگان ـ «شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى» قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىدۇ. ئۇ، پروفېسسور ئېدۋارد ئالۋورتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ھەمكارلىشىشى بىلەن كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىدە 3 يېرىم يىل ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بېرىدۇ.(11)

1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، بىر قىسىم غەربىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار، جۈملىدىن ئۆزبېك مۇھاجىرلار: «بىزنىڭ دەۋايىمىز پۈتتى، رۇسلاردىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسى خىتاي بىلەن بولىدۇ. بىزنىڭ خىتاي بىلەن ئىشىمىز يوق، دۈشمەنىمىزنى ئىككى قىلىۋېلىشىمىزنىڭ ئېھتىمۇ ھاجىتى يوق،» دەيدۇ. بۇ ھال غۇلامىدىن پاختىنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» نى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.(12)

غۇلامىدىن ئەپەندى 1967 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئامېرىكىدا «تۈركىستان مىللىي كۇتۇپخانىسى» قۇرۇش ئارزۇسىدا بولغانلىقىنى تىلغا ئالدۇ. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى شەرت ـ شارائىت بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. ئۇ شۇنىڭغا قارىماستىن داۋاملىق كىتاب ـ ماتېرىيال توپلايدۇ. 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە غۇلامىدىن ئەپەندى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەخەسسىسى، پروفېسسور ئېدۋارد ئالۋورتىنىڭ قوللىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان مىللىي تەتقىقات مەركىزى» نامىلىق ئىلمىي جەمئىيەت قۇرىدۇ. كېيىنچە ئۆزىنىڭ ھاياتى بويى توپلىغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىپ بىر تور كۇتۇپخانىسى قۇرۇش پىلانىنى تۈزىدۇ .

1980 .يىللاردا خىتايدا خەلقئارا كىتاب سېتىش مۇلازىمىتى سىرتقا ئېچىلىدۇ. بۇ ھال غۇلامىدىن پاختىنى ئايرىلغىلى 30 يىلدىن ئاشقان ۋەتىنىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئىگە بولۇش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ بېيجىڭدىكى خەلقئارا كىتاب مۇلازىمەت شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئۇيغۇر دىيارىدا نەشر قىلىنغان يۈزلەرچە كىتابلارنى، «تارىم» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، «بۇلاق» ، «مىراس» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق ئۇيغۇرچە ژۇرناللارنىڭ پۈتۈن سانلىرىنى سېتىۋالىدۇ. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك جەرياندا توپلانغان مىڭلارچە كىتاب ـ ماتېرىياللار ئۇنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىنى مۇھاجىرەتتىكى بىر خەزىنىگە ئايلاندۇرىدۇ. 2015 ـ يىلغا كەلگەندە 80 ياشتىن ئاشقان بۇ بوۋاي ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۆمۈر بويى توپلىغان كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى ئېلېكترونلۇق نۇسخىلاپ، «ئالتۇن ئوق» تور كۇتۇپخانىسى دېگەن نام بىلەن ئۆز خەلقىگە تەقدىم قىلىدۇ. (13)

»مەن ئۆمۈر بويى يىغقان قىممەتلىك كىتاب ـ ماتېرىياللىرىمنى، ۋەتەن تارىخىغا دائىر ئەسەر ـ ۋەسىقىلەرنى، ھۆججەت خاراكتېرلىك بەلگە ـ ئەستىلىكلەرنى ۋە ئۆزۈم شاھىت بولغان ئىشلارنىڭ يازما خاتىرىلىرىنى توپلاپ چىقتىم. مەندىن خەلقىمگە بىر ئەستىلىك قالسۇن دەپ › ئالتۇن ئوق ‹ نامىلىق تور بەتنى ئاچتىم ۋە ئۆمۈرلۈك يىغىملىرىمنى بۇ تور بەتكە قويدۇم، » ـ دەيدۇ غۇلامىدىن پاختا ئەپەندىم .

ئۇ نيۇ ـ يوركنىڭ لوڭ ئىسلاند رايونىدىكى شەخسىي تۇرالغۇسىدا زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغىنىدا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئالتۇن ئوق» نامىلىق بۇ تور بەتنى ئاچقانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى .

غۇلامىدىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك خەزىنىسى جۇغلانغان بۇ تور بەتكە ئىسىم تاللاشتا ئۇزاق ئىزدەنگەنلىكىنى، ئەڭ ئاخىرىدا «ئالتۇن ئوق» دېگەن بۇ نامنى بېكىتكەنلىكىنى، «ئالتۇن ئوق» نىڭ تارىختىن بۇيان ئەجدادلار قالدۇرغان بىلىم، تەجرىبە ۋە ئەستىلىكلەرگە سىمۋول قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشنى نىشان قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.(14)

غۇلامىدىن پاختا 1992 ـ يىلدا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى»نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا ئاكتىپ ماسلاشتۇرغۇچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

نۆۋەتتە ئامېرىكادا ياشاۋاتقان تەۋررۈك ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىمىز غۇلامىدىن پاختا ئەپەندىگە سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.  ئەسكەرتىش: بۇ تەرجىمھال ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمى مۇخبىرى قۇتلان ئەپەندىنىڭ غۇلامىدىن پاختا ئاكا ھەققىدە ئىشلىگەن 38 قىسىملىق چاتما سۆھبىتىگە ئاساسەن تەييارلاندى. ماقالىدىكى بارلىق مەزمۇن ۋە نەقىل مەنبەسى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن بارچە سۆز-جۈملىلەر ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇخبىرى قۇتلاننىڭ ئەمگىكىدۇر.

تەييارلىغۇچى: ھېكمەتيار ئىبراھىم.

نەقىل مەنبەلىرى:


https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_05162017154444.html

https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_05162017154444.html

https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_05232017153058.html

https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_05302017151713.html

(5) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_07112017134554.html

(6) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_08012017125445.html

(7) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_08152017144254.html

( 8 ) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_08292017143449.html

(9) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_09262017154847.html

(10) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_10032017141541.html

(11) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxtining_hayati_29...

(12) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_01092018135206.html

(13) https://www.rfa.org/.../ghulamidin_paxta_01162018144348.html

# ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمنىڭ سىرلىق ۋاپاتىنىڭ 5-يىلى

ھېيتاخۇن مەتمىن

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن ئىسلامى ئېقىملارنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان،مودېرنىزىم بىلەن ئەنئەنىنى زىتلاشتۇرمىغان،مىڭ يىللىق ئۇيغۇر ئىسلام ئەنئەنىسىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىپ تەنقىتلەيدىغان،ئىسلاھ قىلىدىغان تەرەپلەرگە توغرا ئۇسۇل قوللىنىپ ئىنكارچى،تەكپىرچى،ھىزبچى فىتنىسىدىن يىراق تۇرغان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ تاغ-داۋانلىرىدا،ئاۋغاننىڭ تورا-بورا تاغلىرىدا



كۆسەي ملتىق تۇتۇشنى ئۆگىنىش بىلەن ئەمەس،دەۋرگە ماس كېلىدىغان مائارىپنى چىڭ تۇتۇش بىلەن رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن دىنى ئالىم ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ۋاپاتىنىڭ 5 - يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنى سېغىنىش ئىچرە ياد ئېتىمەن.

رەھمەتلىك ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم تۇنجى ئىلىم تەھسىل قىلغان خوتەننىڭ گۇما ناھىيەسى كۆكتېرەك يېزىسىدىكى ماڭا تونۇشلۇق پەرىشتە سۈپەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ھاياتىنا قالغانلىرىنى ئاللاھ ئىگەم خىتاينىڭ شەررىدىن ساقلىغاي !

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇمنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدە تەرجىمھالى تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان) 1961 - قەشقەر ۋىلايىتى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر باغۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ھېسامىدىن ئابىد يېزىدىكى ئازنە مەسجىدىنىڭ ئىمام ۋە خاتىپى ئىدى. مەخسۇم باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى يۇرتى قاغىلىقتا تاماملىغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت بوشىغان پەيتتە خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيەسىدە دىنى تەلىم - تەربىيە ئالغان. 1984 - 1990 - يىللىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ مەشھۇر دىنىي ئالىمى مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم تەرىپىدىن قاغىلىقتا ئېچىلغان مەدرىسەدە دىنى دەرسلەرنى تاماملىغان ۋە پروگرامما بويىچە پالانغان ئوقۇشلۇقلارنى خەتمە قىلغانلىق ئىجازەتنامىسى ئالغان.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم 1986 - يىلى مەرھۇم ئۇستازى ئابدۇلھەكىمخان ھاجىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە قاغىلىق ۋە باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇر ياشلىرىغا مىللىي ۋە مەنىۋى قىممەت قارىشىنى ئۆگىتىش كۆرىشىنى باشلىغان ۋە 1990 - يىلغىچە خەلقنى ئاقارتىش ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان.

1990 .يىلدىن1992 - يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ داۋام قىلغان دىنى ئوقۇ-ئوقۇتۇش پائالىيىتى بىلەن 2 - ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم تەكلىماكان، ئۇ دەۋرنىڭ ئەڭ پرىنسىپال ۋە ئىنتىزامچان مەدرىسسىنى ئاچقان ۋە ئۇيغۇر- ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋە كىملىكىنى قوغداش ئاساسىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۈزلىگەن ۋەتەن، مىللەت ۋە ئىسلام سەۋدالىرىغا دىنىي دەرس بەرگەن.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم 1992 - يىلى ئىشغالچى خىتاي تەرىپىدىن قانۇنسىز دىنىي تەلىم - تەربىيە بېرىش بىلەن ئەيىبلىنىپ 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان،تۈرمىگە تاشلانغان،شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچقان مەدرىسە مەجبۇرىي تاقىۋېتىلگەن. نۇرغۇن يول مېڭىش ئارقىلىق ھۆكۈم 4 يىلغا قىسقارتىلىپ 1996 - يىلى - 2ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن .

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ھەر خىل بېسىم ۋە توسالغۇلىرىغا دۇچ كېلىپ دىنى مائارىپ پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتىنىڭ يوقىتىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ 1996 - يىلى 12 - ئايدا ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. 1996 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان، سەئۇدىي ئەرەبىستان، پاكىستان، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولغان ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم - 1997يىلى مىسىرغا بېرىپ 1999 - يىلى قاھىرەدىكى ئەرەب تەتقىقات ئېنىستىتۇتىدا ئوقۇشقا كىرگەن. 2001 - يىلى ئېنىستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاھىرە ئۇنىۋېرسىتىتى، دارۇلئۇلۇم پاكۇلتىتىدا ئىسلام پەلسەپىسىدە ماگىستىرلىققا باشلىغان ۋە 2 - يىللىق دەرس مەۋسىمىنى پۈتتۈرۈپ، 2004 - يىلى ماگىستىرلىق ماقالىسىنى باشلاپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن 2005 - يىلى بىخەتەرلىك سەۋەبلىرى تۈپەيلى مەكتەپنى تاشلاپ، مىسىردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ تۈركىيەگە كېلىپ ئىستانبۇلغا يەرلەشكەن.

ئىستانبۇلغا كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ھەدىس تەتقىقات مەركىزىدە خىزمەت قىلغان، بىر مەزگىلدىن كىيىن بىر تۈركۈم قېرىنداشلار بىلەن - 2006يىلى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى قۇرغان ۋە تاكى ۋاپات بولغۇچە جەمئىيەتنىڭ نازىرلىقى ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرغان.

مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشنى مەقسەت قىلىپ شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنى قۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلغان .

مەرھۇم مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەلىم - تەربىيە ۋە ھەرخىل ساھەدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ھەر ساھەدىكى خىزمەتلىرىنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن .

ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتى، ئۆتكۈر پىكرى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدا ئىتتىپاقلىشىش ۋە مۇرەسسە قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆلگىلىك رەھبەر سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئۆلىما، جامائەت ئەربابى 2016 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىستانبۇلدا سىرلىق ھالدا تۇيۇقسىز ئارىمىزدىن ئايرىلدى .

مەخسۇمنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالار دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى: ئۇيغۇر مىللى خاسلىقىدىن ئېپتىخارلىنىش،ئىسلام تەلىماتىغا زىت كەلمەيدىغانلىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى ئەرەپ ئەنئەنىسىدىن ئەۋلا بىلىش،دۈشمىنىمىز خىتايغا قارشى كۆرەشتە ئاللاھ تەئالا كۆرسەتكەن تۈپ پىرىنسىپلاردىن قەتئى تەۋرىمىگەن ئاساستا ھەرقانداق كىشى ۋە گوروھلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش.....

# مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ ياشلارغا خىتاب

**ئەي، تۈرك ياشلىرى !**



**بىرىنچى ۋەزىپەڭلار تۈرك مۇستەقىللىقىنى ۋە تۈرك جۇمھۇرىيىتىنى ئەبەدىلئەبەت قوغداش ۋە مۇداپىئە قىلىشتۇر.**

**بۇ ۋەزىپە مەۋجۇتلۇقۇڭلارنىڭ ۋە ئىستىقبالىڭلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسىدۇر . شۇنداقلا بۇ ئاساس سىلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك خەزىنەڭلاردۇر، كەلگۈسىدە سىلەرنى بۇ خەزىنىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىدىغان ئىچكى ۋە تاشقى بەدبەخلىرىڭلار بولىدۇ . ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇستەقىللىق ۋە جۇمھۇرىيەتنى قوغداش مەجبۇرىيىتىگە دۇچ كەلسەڭلار بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستۈڭلارغا ئېلىش ئۈچۈن سىلەر ياشاۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ئىمكانىيەت ۋە شارائىتلىرىنى ئويلاپ ئولتۇرماڭلار!**

**بۇ ۋەزىيەت شۇنداق بىئەپ بىر چاغقا ئۇددۇل كېلىشى مۇمكىنكى، ئىستىقلال ۋە جۇمھۇرىيىتىڭلارغا قەست قىلىدىغان دۈشمەنلەر دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كۈچنىڭ ۋەكىللىك قىلغۇچىلىرى بولۇشى مۇمكىن، زورلۇق ۋە ھىيلە بىلەن ئەزىز ۋەتىنىڭلارنىڭ پۈتۈن قەلئەلىرى بويسۇندۇرۇلغان، بارچە پورتلىرىغا كىرىلگەن، پۈتۈن قوشۇنلىرى تارقىتىلغان، يۇرتۇڭلارنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە ئىشغال قىلىنغان بولىشىمۇ مۇمكىن، پۈتۈن مۇشۇ شەرت ـ شارائىتلارنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ئەلەملىك ۋە قورقۇنۇچلۇق بولغىنى ۋەتىنىڭلارنىڭ ئىچىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلار غەپلەت ۋە ئازغۇنلۇق ئىچىدە ھەتتاكى خىيانەت ئىچىدە بولىشىمۇ مۇمكىن، ھەتتاكى بۇ ھاكىمىيەت ئىگىلىرى مۇستەملىكە ئاستىدىكىلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىنى ئۆز شەخسى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، مىللەت ئۈمىدسىزلىككە تولغان، چارىسىزلىك ئىچىدە خاراب بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن .**

**ئەي تۈرك ئىستىقبالىنىڭ ئەۋلادلىرى! مانا مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ۋە شارائىتتىمۇ سىلەرنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپەڭلار تۈرك ئىستىقلالىنى ۋە جۇمھۇرىيىتىنى قوغداشتۇر !**

**سىلەر مۇھتاج بولغان كۈچ ـ قۇۋۋەت تومۇرۇڭلاردا ئېقىۋاتقان ئېسىل قېنىڭلاردا مەۋجۇتتۇر.**

# ئابدۇلجېلىل تۇران كىمدۇر؟

هېيتاخۇن مەمتىمىن

ئابدۇجېلىل تۇران 1958 ـ يىلى خوتەن شەھەر ئىچىدىكى مۆتىۋەر دىنى ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ دەسلەپكى دىنى تەلىم ـ تەربىيىسىنى دادىسى مەرھۇم مۇھەممەت ئابدۇللاھ مەخسۇم ھاجىمدىن ئالغان، 1976 ـ يىللىرىدىكى خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ئەمدى سەل پەس كويغا چۈشۈپ،خىتاينىڭ يۇقۇرى بېسىملىق سىياستى نىسبەتەن بۇششىقا قاراك ماڭغان يىللاردا ئۇ ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن مەزگىل بولۇپ يىراقنى كۆرەر ئۆلىما مۇھەممەت ئابدۇللا مەخسۇم ھاجىم ئۇنىڭ چەتئەلدە ئوقۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىكەن،ئۇ 1983 ـ يىلى دادىسى بىلەن بىللە ھەج باھانىسى بىلەن چەتئەلگە چىقىدۇ،دادىسى ھەجدىن ۋەتەنگە قايتاشىدا ئۇنى پاكىستاندا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېتىدۇ،ئۇ 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىسىرغا بېرىپ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ،ئۈچ يىل ئەزھەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1987 ـ يىلى تۈركىيەگە كېلىپ ئىستانبولغا يەرلىشىدۇ.

ئۇ تۈركىيەگە كەلگەندە ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدىكى بىردىن ـ بىر تەشكىلاتى بولغان شەرقى تۈركىستان ۋەقپىنىڭ رەئىسى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە گېنىرال مەھمەت رىزابېكىنلەر تېخى ھايات ئىكەن ئابدۇلجېلىل تۇران ئۆز دېمەتلىك ياشلار بىلەن بىللە ۋەقىپ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ نەشرىيات ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلايدۇ،1992 ـ يىلى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن تۇنجى قېتىم ئېچىلغان شەرقى تۈركىستان قۇرۇلتىيىدىن كېيىن داۋا يەنە بىر بالداق يوقۇرى كۆتۈرۈلۈپ ئىستىداتلىق ياشلار تۈركىيەدە جەم بولۇشقا باشلايدۇ،ئەنە شۇ چاغدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان شەرقى تۈركىستان ياشلىرى گېزىتى بىلەن نەشرىياتچىلىققا قەدەم باسقان ئابدۇلجېلىل تۇران شەرقى تۈركىستاندا بېسىلىش ئىمكانىيتى بولمىغان بىرقىسىم مۇھىم كىتاپلارنى ئۆز نامى بىلەن باستۇرىدۇ.

2000 .يىلغا كەلگەندە سېستىمىلىششقا يۈزلىنىپ تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نامى بىلەن رەسمى نەشرىيات قۇرۇپ چىقىدۇ،ھەتتا ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ياۋرۇئاسىيا ۋەقپىنىمۇ قۇرىدۇ،يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نەشرىياتچىلىق خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ،ۋەتەندە يېڭى نەشر قىلىنغان كىتاپلارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا بىر ئامالللار بىلەن ئەكەلدۈرۈپ سكانلاپ www.uyghurweb.com بېتىدە ئېلكتاپ قىلىپ تارقىتىدۇ،ئۇ تورغا چىقارغان تالاي كىتاپلارنى ۋەتەن ئىچىدىمۇ كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر چۈشۈرۈپ پايدىلىنىدۇ.مەن شەخسەن ۋەتەندىكى ئەھۋال سەل ياخشى ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇر ئېلكتاپ تور بەتلىرىدە ئابدۇلجېلىل تۇران تامغىسى بېسىلغان بىرقىسىم كىتابلارنىمۇ ئۇچراتقان ئىدىم .

ئۇستاز



ئابدۇلجېلىل تۇران بىرقىسىم دىنى ئەسەرلەرنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشتىن سىرت يەنە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت كىتاپلارنىڭمۇ مۇئەللىپىدۇر،ئۇ ئۇنىۋېرسال جامائەت ئەربانى بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن تەڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئىگەللىنىشچە ئەبدۇلجېلىل تۇراننىڭ ھازىرغا قەدەر نەشر قىلغان كىتاپلىرى 300 پارچىدىن ئاشىدىكەن،ئۇنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىن كىتاپ ئارىيەت ئېلىپ ئىلمى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئاكادېمىكلارنىڭمۇ سانى 50 تىن ئاشىدىكەن،ئەرەپلەرمۇ ئابدۇلجېلىل تۇران ئاكىدىن شەرقى تۈركىستان ھەققىدىكى ئەرەپچە كىتاپلارنى ئارىيەت ئېلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم.مەن ئۇنىڭ دادىسى مەرھۇم ئۇستازىم مەمەت ئابدۇللاھ مەخسۇمدا بەدان،مەئزى،كاپىيە،مۇختەسەر ۋاقايە ۋە شەرھى ۋاقايە قاتارلىق كىتاپلارنى ئوقۇۋاغان چاغلىرىمدا ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ ئەينى دەۋردىكى ئىلغار پىكىر تەشەببۇسچىسى دەپ قارالغان ئەقىدەدۆل مۆمىن،پىرقەتۇناجىيە قاتارلىق ئەرەپچە كىتاپلارنى باستۇرۇپ شەرقى تۈركىستاننىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىكى ئەرەپچە بىلىدىغان ئۆلىمالارغا ھەقسىز تارقاتقانلىقىغا يېقىندىن شاھىت بولغان ئىدىم.ئۇستازنىڭ مىڭبىر گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن چەتئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن قويۇپ كەتكەن ئوغلى ئابدۇلجېلىل تۇران ئاكىنىڭ دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغانلىقىغا ئىشىنىمەن ۋە تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان كىتاپلارنى ئىزقوغلاپ ئوقۇپ كەلگەن بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئابدۇلجېلىل تۇران ئاكىمىزغا چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن.بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدە كىتاپلىرىمىز رەھىمسىزلەرچە يوق قىلىۋېتىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى يادرولۇق بىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ،مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئابدۇلجېلىل تۇران ئاكا نەشر قىلغان كىتاپلارنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق قوللىشىغا تىلەكداشلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

تورگېزىتىمىزغا ماقالە ئەۋەتمەكچى پىكىر ـ تەكلىپ بەرمەكچى بولسىڭىز
تۆۋەندىكى ئىلخەت ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىڭىزنى قىزغىن
قارشى ئالىمىز : itaturkestan@gmail.com